# بىرەرسىڭلار كېچىدە تۇرغاندا، قۇرئان تىلىغا كەلمەي، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىسە، يېتىپ ئارام ئالسۇن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەرسىڭلار كېچىدە تۇرغاندا، قۇرئان تىلىغا كەلمەي، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىسە، يېتىپ ئارام ئالسۇن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: بەندە كېچە نامىزىدىكى ۋاقىتتا، مۈگدەك بېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىش قېيىن بولۇپ، نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بولسا، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، ئالماشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۈيقۇسى تۈگىگەنگە قەدەر يېتىپ ئارام ئالسۇن، بەلكىم سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، مەنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىشى، ھەتتا ئۆزىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بۇخارىنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقل قىلغان رىۋايىتىدە: «بىرىڭلار نامازدا مۈگدەپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئوقۇغان نەرسىسىنى بىلگەنگە قەدەر ئۇخلىسۇن» دېيىلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3734